2010

# قوللىنىشچان داچ تىلى گرامماتىكىسى

# Praktische Nederlandse Grammatica

تۈزگۈچى: ئا.ئۇيغۇرى

ئۇيغۇر ئاۋازى تور گۇرۇپپىسى www.uyghurawazi.org

**2010/11/16**

# قوللىنىشچان داچ تىلى گىراماتىكىسى

# Praktische Nederlandse Grammatica

ئا.ئۇيغۇرى

1ـنەشرى

ئۇيغۇر ئاۋازى گۇرۇپپىسى تۈزدى

# كىرىش سۆز

## Voorwoord

گوللاندىيە دۆلىتى ياۋروپا قىتئەسىنىڭ غەربىگە جايلاشقان ۔ بولۇپ ئۇمۇمىي زىمىن تېررىتورىيىسى جەھەتتىن غەربىي ياۋرۇپا ۋە كارىب دېڭىزىدىكى ئاۋرۇبا، كۇراچاۋ، بۇنايرە، سابا، سىنت ئىستاتاتۇس، سان مارتىن قاتارلىق بىر قانچە ئاراللارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. گوللاندىيە تارىختىن بۇيان ( Hollandياكى Nederland ) دەپ ئاتىلىپ كەلمەكتە. Nederland دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى تۆۋەن دۆلەت دېگەنلىكتۇر. ( يەنى گوللاندىيە جۇغراپىيىلىك جەھەتتىن دېڭىز يۈزىدىن تۆۋەن ئورۇنغا جايلاشقانلىقى ئۈچۈن شۇنداق ئاتالغان. Neder دېگەن بۇ سۆزنىڭ مەنىسى تۆۋەن دېگەن مەنىدە land دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى دۆلەت ۋە ياكى يۇرت دېگەن مەنىدە. ئامستېردام گوللاندىيىنىڭ پايتەختى شۇنداقلا ساياھەت شەھىرىدۇر. دەنھاخ گوللاندىيىنىڭ سىياسى شەھىرى بولۇپ پارلامېنت دەنھاخ شەھىرىگە جايلاشقان

گوللاندىيە دېموكراتىك قانۇن-تۈزۈم ئارقىلىق ئىدارە قىلىنىدىغان پادىشاھلىق دۆلەت بولۇپ خەلق ئۆزلىرىنىڭ ئىدىيۋى ئۆزكۆز قارىشىغا ئاساسەن ھەر-خىل پارتىيەلەرنى قۇرۇپ چىقالايدۇ. بۇ پارتىيىلەر ئىچىدە سايلامدا كۆپ ئاۋازغا ئېرىشكەنلىرى ھۆكۈمەتنى ئىدارە قىلالايدۇ. بىر پارتىيىنىڭ ئېرىشكەن ئاۋازى ئۆلچەمگە يەتمىسە بىر قانچە پارتىيىلەر بىرلىشىپ تۈزۈپ ھاكىمىيەتنى تەشكىل قىلىدۇ. گوللاندىيىنىڭ ئۇمۇمىي يەر كۆلىمى قىرىق ئىككى مىڭ بەش يۈز ئون توققۇز(42519كۋادرات كىلومېتىر بولۇپ

ئۇمۇمىي ئاھالىسى 17 مىليوندىن ئارتۇق. گوللاندىيە ئاھالىسىنىڭ 31% كاتولىك دىنغا، 26% پروتېستانت دىنغا 7% كالۋىنىزم دىنغا 5% ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ.

دۇنيادا 27 مىليوندىن ئارتۇق ئادەم داچ تىلى قوللىنىدۇ. ئۇلار: گوللاندىيە،بىلگىيە، سۇرىنام، ۋە گوللاندىيىگە قاراشلىق كارىب ئارىلىدىكى كىچىك دۆلەتلەر. گوللاندىيە ئاھالىسىنىڭ 80% داچ مىللىتىدىن تەركىپ تاپقانلىقى ئۈچۈن داچ تىلى دۆلەت تىلى سۈپىتىدە قوللىنىلىدۇ. ئىنگلىز ۋە فىرىس تىلى (فىرس مىللىتىنىڭ سانى بەش يۈزمىڭ ئەتراپىدا بولۇپ ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا ئوقۇ-ئوقۇتۇش ئەسلىھەلىرى, تېلېۋىزيە ئىستانسىسى بار بۇ توغرىسىدا كيىن توختىلىمىز). ئاساسلىق تىللاردۇر.

گوللاندىيە ياۋروپا ئىتتىپاقىنى قۇرغۇچى مۇھىم دۆلەتلىرىنىڭ بىرى بولۇپلا قالماستىن بەلكى ياۋروپانىڭ سىياسى سەھنىسىدىكى مۇھىم دۆلەتلەردىن بىرىدۇر. خەلقئارالىق ئۇرۇش جىنايەتچىلىرىنى ۋە باشقا مىللەتلەرنىڭ ئۈستىدىن ئىرقى قىرغىنچىلىق يۈرگۈزگەن مۇشتۇمزور لۈكچەكلەرنى سوتلايدىغان خەلقئارالىق سوت مەھكىمىسى, گوللاندىيىنىڭ دەنهاخ شەھىرىگە جايلاشقان.

ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى داچ تىلنى ئۆگىنىشكە قىزىقىۋاتقان ھەم گوللاندىيىدە ئۇقۇشنى ئارزۇ قىلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ بۇ تىلنى ئۆز ئانا تىلدىن بىۋاستە ئۆگىنىش ئېھتىياجىنىڭ ئېشىشقا ئەگىشىپ گوللانىيىدە ئولتۇراقلاشقان ۋە ئۇقۇۋاتقان بىر ياش بولۇش سۈپىتىم بىلەن بۇ جەھەتتىكى ماتېرىياللارنىڭ كەملىكىنى ھېس قىلدىم.

ھەر قېتىم كۈتۈپخانىلارغا كىرگىنىمدە نوپۇس ۋە تەرەققىيات جەھەتتە بىزدىن تۆۋەن ئورۇندا تۇرىدىغان مىللەتلەرنىڭمۇ داچ تىلى ئۆگىنىش جەھەتتە ھەرخىل تەرجىمە كىتاپ ماتېرىياللارنىڭ تۈللۈق ئىكەنلىكىنى كۆرگىنىمدە بىزنىڭ ئانا تىلىمىزدا بىرەر پارچىمۇ ماتېرىياللارنىمۇ يوقلۇقىغا ئىچىم ئاچچىق بولاتتى.

خەلقىمىزنىڭ ئۆزى ئۆگىنىشنى خالىغان چەتئەل تىلغا دائىر ماتېرىياللارنىڭ ئىزچىل كەمچىل بۇلىشى تۇپەيلىدىن يىللاردىن بىرى دۇنيادىن بىخەۋەر قالدى.ئەنە شۇنداق قىينچىلىق شارائىتتا تۇرۇپمۇ تىل ئۆگىنىشتىن قىلچە ۋاز كەچمىگەن ھەم پەرزەنتلىرىگە ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق ئۈلگە بولىۋاتقان قېرىنداشلىرىمنىڭ ئېھتىياجى ھەمدە مىللىتىمگە بولغان مەسئۇلىيەتچانلىقىم قۇلۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلدى. داچ تىلى سەۋيەمنىڭ چەكلىك بولغىنىغا قارىماستىن بىلگەنلىرىمنى قېرىنداشلارغا يەتكۈزۈش مەقسىتىدە بۇ كىتابنى داچ تىلدىكى نوپۇزلۇق ماتىرىياللىردىن پايدىلىنىپ تۈزۈپ چىقتىم.

ئەلۋەتتە بۇ كىتاپ يىتەرسىزلىكلەردىن خالى ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن گوللاندىيىدە ياشاۋاتقىلى ئۇزۇن بولغان,داچ تىلى سەۋيەسى يۇقىرى بولغان ئاكا ـ ھەدىلىرىمىز ۋە ئىنى ـ سىڭىللىرىمىزنىڭ بۇ كىتابتا بايقالغان نۇقسانلارنى سەممىيلىك بىلەن كۆرسىتىپ بېرىشنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرىگە بۇ كىتابنى تۈزۈشكە ماڭا يېقىندىن ياردەمدە بۇلغان مېھرىبان ئاپالىم مېھرىنىسا,دوستۇم ئۆمەر مەتىمىن ۋە ئەھمەد قەشقەرىلەرگە چىن كۆڭلۈمدىن رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن.

ئەسكەرتىش: بۇ كىتابنى ئوقۇرمەنلەر ئۆزى پايدىلانسا ۋە ياكى كۆپەيتىپ باستۇرۇپ ھەقسىز تارقاتسا  بولىدۇ، لېكىن پۇل تېپىش مەقسىتىدە پايدىلىنىشقا قەتئىي بولمايدۇ. ئەگەر شۇنداق قىلغۇچىلار بايقىلىپ قالسا قانۇنى جاۋابكارلىقى سۈرۈشتە قىلىنىدۇ.

ھۆرمەت بىلەن: ئا.ئۇيغۇرى

**2010**-يىلى **11**-ئاي

## ئالاقىلىشىش ئادرېسى

www.uyghurawazi.org

info@uyghurawazi.org

barmanhan@yahoo.com

# تەبرىك

ھەقىقەت شۇكى؛ بەندىلىك مەجبۇرىيىتىنى ئىتائەت كەمىرىدە باغلىغانلار ھاياتى بويىنچە ئىزدىگەن ئاللاھ رىزالىقىنى، ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكى بارلىق نەرسىلەرگە ياخشىلىق قىلىشتىن تاپقان. بەندىسىنىڭ ھەر نەرسىسىدىن بىھاجەت ئاللاھنىڭ بارلىق ئەمىر-مۇنكەرلىرىمۇ، بەندىلەرنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ۋە ئۆز ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ياخشىلىق قىلىشقا بۇيرۇش بىلەن مەزمۇنلانغان. ئەجدادلىرىمىزنىڭ «ھۈنىرى يوق ئەركەكتىن مىكىيان توخۇ ياخشى» دېگەندەك نەسىھەتلىرىدىمۇ، مەخلۇقنىڭ ئۆز-ئۆزىگە ۋە باشقىلارغا يەتكۈزگەن مەنپەئەتى كۆزدە تۇتۇلغان. ئەنە شۇ خىل مەقسەتتە قىلغان مەسئۇلىيەتچىلىرىنىڭ ئېغىر سالمىقى بىلەن، قولىدىن كېلىشىچە ياخشىلىق قىلىشنى غەنىمەت بىلگەن زىيالىلىرىمىز مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي بايلىقىدۇر.

ھەدىسلەردە بىر مىللەتنىڭ تىلىنى بىلگەنلەرنىڭ، شۇ مىللەتنىڭ شۇملىقىدىن ساقلىنالايدىغانلىقى ھەققىدە ئۇچۇر بىرىلگەندەك؛ دانالىرىمىزمۇ مۇناسىۋەتلىك سورالغان سوئالغا، «بىر تىلنى ئۆگىنىشتە شۇ مىللەتكە ئايلىنىپ كەتمەسلىك ئۆگىنىمىز» دەپ جاۋاپ بەرگەن. دېمەك تىل ئۆگىنىش مىللىي خاسلىقىنى ساقلاش بىلەن بىرگە يات مىللەت بىلەن چۈشۈنۈش ھاسىل قىلىشتىكى موھىم ۋاستە. ۋەتەن ئىچىدىكىلەرگە تاللاش ۋە خالاش پۇرستى بىلەن نېسىپ بولىدىغان بۇ ئامەت، چەتئەللەردە سەرگەردان بولىۋاتقانلار ئۈچۈن

مەجبۇرىيەتكە ئايلاندى. ئەنە شۇنداق مەجبۇرىيەتتە قالغانلارنىڭ قېيىنچىلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ تۈزۈلگەن،قىرىندىشىمىزنىڭ «قوللىنىشچان داچ تىلى گىرامماتىكىسى» ناملىق كىتاۋى، ئۇيغۇر خەلقىنىڭ بۇ تىل ئۆگىنىشتىكى بىۋاستە پايدىلىنالايدىغان تۇنجى ماتىريالى بولۇپ مەيدانغا كەلدى. بۇ يەردە موھىم بولغىنى ئۇنىڭدىكى مەزمۇندىن بەكرەك، ئۇنىڭ پىداكارلىقى ۋە مەسئۇلىيەتچانلىقىدۇر. ئۇنىڭ بۇ خىزمىتى بارلىق ساھەلەردىكى مەسئۇلىيەت ئىگىلىرىگە «قولۇڭدىن قانچىلىك ياخشىلىق كەلسە، شۇنچىلىك قىلغىن.» دېگەنىبىر سىگنالنى بەردى. ھەقىقەتەن؛ ئېرىشكەن بارلىق نېئمەتلىرى بىلەن پەقەت ئۆز نەپسىنىلا كۆزلەپ ئۆتكەن نامى ئۇلۇغ سۇپرىسى قۇرۇق كاتتىلاردىن، بارىنى ئايىمايدىغان ھاتەمكارلىرىمىز مىڭ ئەلا.

ئەھمەد قەشقەرى

# مۇندەرىجە

# Inhoud


| | |
|---|---|
| Hoofdstuk 1 letter | 1ـباب ھەرپ |
| Klinker | سوزۇق تاۋۇشلار |
| Medeklinker | ئۈزۈك تاۋۇشلار |
| Hoofdstuk2 Naamwoord | 2ـباب: ئىسىم |
| Hoofdstuk3 het Artikel | 3ـباب: ئارتىكل |
| Bepaalde lidwoord | ئىنىق ئارتىكل |
| Onbepaalde lidwoord | ئېنىقسىز ئارتىكل |
| Hoofdstuk 4 Naamwoorden | 4ـ باب: ئىسىم |

قائىدىلىك ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ياسىلىشى

Het meervoud van de regelmatig naamwoorden

قائىدىسىز ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ياسىلىشى

Het meervoud van de onregelmatige naamwoorden

باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ياسىلىشى

Het meervoud van de naamwoorden van Latijns, Griekse oorsprong

| | |
|---|---|
| Hoofdstuk5 verkleinwoorden | 5ـباب: كىچىكلىتىلگەن ئىسىملار |

| | |
|---|---|
| **Hoofdstuk 6 werkwoorden** | **6-باب: پېئىل** |
| **De vormen** *van het* werkwoord | پېئىل شەكىللىرى |
| **Het** *verleden deelwoord* | پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى |
| **Het voltooid deelwoord** | پېئىلنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى |
| *Onregelmatige werkwoorden* | قائىدىسىز پېئىللارنى تۈرلىرى |
| **Hoofdstuk7 de tijden van werkwoorden** | 7-باب : پېئىل زامانلىرى |
| **De onvoltooid tegenwoordige tijd** | پېئىلنىڭ هازىرقى زامان ئاددى شەكلى |
| **De voltooid tegenwoordige tijd** | پېئىلنىڭ هازىرقى زامان پۈتكەن شەكلى |
| **De onvoltooid verleden tijd** | پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان ئاددى شەكلى |
| **De voltooid verleden tijd** | پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان پۈتكەن شەكلى |
| **De toekomende tijd** | پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان شەكلى |
| **Onvoltooid tegenwoordige toekomende tijd** | پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان ئاددى شەكلى |
| **Voltooid tegenwoordige toekomende tijd** | پېئىلنىڭ كەلگۈسى زامان پۈتكەن شەكل |
| **Onvoltooid verleden toekomende tijd** | پېئىلنىڭ كەلگۈسى ئۆتكەن زامان ئاددى شەكلى |
| **Voltooid verleden toekomende tijd** | پېئىلنىڭ كەلگۈسى ئۆتكەن زامان پۈتكەن شەكلى |
| **De 'aan het' duratief** | پېئىلنىڭ ئۆزلۈكسىز شەكلى |
| **Hoofdstuk 8 Wederkerend werkwoord** | 8-باب : ئۆزلۈك پېئىللىرى |
| **Hoofdstuk 9 hebben en zijn** | 9-باب : پېئىل **zijn** ۋە **hebben** |
| **Hoofdstuk 10 Hulpwerkwoord** | 10-باب: تۈس ياردەمچى پېئىللار |

| | |
|---|---|
| **Hoofdstuk 11 Scheidbaar werkwoord** | 11 ـ باب: ئايرىما پېئىللار |
| **Hoofdstuk12 de werkwoorden<<te>>** | 12ـباب پېئىل<<te>> |
| **Hoofdstuk13 voornaamwoorden** | 13ـباب:ئالماشلار |
| **(persoonlijke voornaamwoord)** | كىشىلىك ئالماش |
| **Bezittelijk voornaamwoord** | ئىگىلىك ئالماش |
| **Aanwijzend voornaamwoord** | كۆرستىش ئالماش |
| **Wederkerend voornaamwoord** | ئۆزلۈك ئالماش |
| **Betrekkelijk voornaamwoord** | مۇناسىۋەت ئالماش |
| **Vragend voornaamwoord** | سوراق ئالماش |
| **Onbepaalde voornaamwoord** | ئىنىقسىز ئالماش |
| **Wederkering voornaamwoord** | ئورتاق ئالماش |
| **Uitroepend voornaamwoord** | ئۈندەش ئالماش |
| **Hoofdstuk14 bijvoegelijke voornaamwoorden** | 14ـباب : سۈپەت |
| **Hoofdstuk15 bijwoord** | 15ـباب: رەۋىش |
| **Hoofdstuk16 voorzetsel** | 16ـباب : ئالدى قوشۇلغۇچى |
| **Hoofdstuk17 Telwoorden** | 17ـباب:سانلار |

Hoofdstuk18 Zinnen — 18-باب: جۈملە

Eeenvoudige zinnen — ئاددى جۈملە

Samengestelde zinnen — قوشما جۈملە

Nennevengeschikte zin — تەڭداش قوشما جۈملە

Ondergeschikte bijzin — مۇرەككەپ بىقىندى جۈملە

Bijlagen — قوشۇمچە

مۇقىم ئالدى قوشۇلغۇچىلار بىلەن بىرگە كېلىدىغان پېئىللار جەدۋىلى

Werkwoorden met een vast voorzetsel

سۆز ياسىغۇچى ئالدى ۋە ئارقا قوشۇمچىلار جەدۋىلى

Werkwoorden met een prefix en suffix

Onregelmatige werkwoorden — قائىدىسىز پېئىللار

Het Telefoon alphabet — تېلېفون ئېلىپبەسى

داچ تىلىدىكى بەزى بىر قىسىم گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلارنىڭ ھەر خىل ئاتىلىشى

# 1-باب ھەرپ

**Het Nederlandse alfabet bevat 26 letters.**

داچ تىلى ئېلىپبەسىدە 26 دانە ھەرپ بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئوقۇلىشى ۋە يېزىلىشى تۆۋەندىكىچە :

| | | | | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| **A a** | **B b** | **C c** | **D d** | **E e** | **F f** | **G g** | **H h** | **I i** |
| **a** | **be** | **ce** | **de** | **e** | **ef** | **ge** | **ha** | **i** |
| **J j** | **K k** | **L l** | **M m** | **N n** | **O o** | **P p** | **Q q** | **R r** |
| **je** | **ka** | **el** | **em** | **en** | **o** | **pe** | **ku** | **er** |
| **S s** | **T t** | **U u** | **V v** | **W w** | **X x** | **Y y** | **IJ ij** | **Z z** |
| **es** | **te** | **u** | **ve** | **we** | **iks** | **y** | **lange ij** | **zet** |

بۇلارنىڭ ئىچىدە تۆۋەندىكى بەش ھەرپ سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىدۇر. ئۇلار:

**a,e,o,u,i**

بۇ سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى يەنە ئۆز ئىچىدىن ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش، قىسقا سوزۇق تاۋۇش دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ.

| | | | | | |
|---|---|---|---|---|---|
| kort | a [ɑ] | e [ɛ] | i [ɪ] | o [ɔ] | u [ʏ] |
| lang | aa [a] | ee [e] | ie [i] | oo [o] | uu [y] |

بۇ سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سۆزلەر ئىچىدە كېلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

قىسقا سوزۇق تاۋۇشلار( korte kilnkers)

| | |
|---|---|
| a | zacht,zat,gat,nat,kam,star,pak-ken,wach-ten,wak-ker |

| | |
|---|---|
| e | gek ,be-stek,rem,stem,les,spel,mer-ken,wekker,stekker,kelder |
| i | wit ,brit,bezit,kin,gil , wis-sen, on-mid-del-lijk, rich-ten |
| o | los ,vol,zon,lot,zot,stom, don-ker, wor-den, slor-dig |
| u | kus ,rus,zus,nut,mug,vlug, tus-sen, gul-den , zuch-ten |
| y | mys-te-rie ,sys-teem |

Lange klikers :ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشلار

| | |
|---|---|
| aa | staan ,waar,kaart |
| ee | zee ,kleed,been,geel<br>meer ,zeer,verkeerd,heersen |
| oo | rood,hoofd,groot,troosten<br>woord,vermoorden,noord, |
| uu | vuur.uur,muur,duur |

**De Nederlandse klinkercombinaties zijn: aai, ae, ai, au, eeu(w), ei, eu, ie, ieu(w), ij, oe, ou, oi, ooi, oei en ui.**

بۇلاردىن باشقا يەنە داچ تىلىدا قوشما سوزۇق تاۋۇشلار بار بولۇپ ئۇلار ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بولىدۇ.

ئىككى سوزۇق تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما سوزۇق تاۋۇشلار

**Combinaties van twee klinker**

| | |
|---|---|
| ae | meneer Claessen, mevrouw Haenen |
| ai | hai mais |
| au | gauw ,grauw,lauw |
| ei | ei ,beleid,bereiden,trein |
| eu | leuk ,neus,heup,geur,kleur,deur |

| | |
|---|---|
| ie | lief ,bier,hier,genieten |
| ij | wijs ,blij,grijs,tijd |
| oe | voelen ,goed,zoet,voet |
| oi | Toy,hoy |
| ou | zout ,vrouw,koud,stout,nou |
| ui | zuid ,bruin,buiten,fluiten |

**Combinaties van drie klinkers**

**Er zijn een paar combinaties die uit drie klinkers bestaan, maar ook deze worden min of Meer als één klank uitgesproken:**

ئۈنىڭدىن باشقا يەنە داچ تىلىدا ئۈچ سوزۇق تاۋۇشنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما سوزۇق تاۋۇشلار بار . مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| aai | [ai]<br>draai-en , aai-en, maai-en |
| oei | [ui]<br>groei-en , roei-en, ver-moeid |
| ooi | [oi]<br>gooi-en , mooi, ver-strooid |

| | |
|---|---|
| eeu | [eːw]<br>leeu-wen, geeu-wen |
| ieu | [iːw]<br>ver-nieu-wen, kieu-wen |

ئۈزۈك تاۋۇشلار **Medeklinkers**

يۇقاردىكى بەش ھەرپتىن باشقىلىرى ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرىگە تەۋە. ئۇلار:

**Medeklinkers: b, c, d, f, h, k, l, m, n, p, q, s, t, x, y, z**

بۇ ئۈزۈك تاۋۇشلار ئۆز ئىچىدىن يەنە جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇش ،جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇش دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ. جاراڭلىق ئۈزۈك تاۋۇشلار:

**stemhebbende medeklinkers: b, d, v, z, g, m, n, ng, l, r, j en w.**

جاراڭسىز ئۈزۈك تاۋۇشلار :

**stemloze medeklinkers: p, t, k, f, s, ch en h.**

بۇ ھەرپلەرنىڭ سۆز ئىچىدە كېلىشى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| b | Breed,blauw,boven,krab,keab,web |
| c | centrum ,cinema, ceremonie, calligrafie/kalligrafie , client , creatief |
| d | dame, dief, dwerg, hond ,kleed,land |
| f | fier, fout, fin, fraai |
| g | geinig, goed, grap, berg |
| h | Hoofd, hals, hemel |
| j | jarig , jas, jaar |
| k | Koning, kwaad, klein |
| l | lief, lid, lente, bril, deel, smal |
| m | [muis, markt, man |
| n | Naald, nooit, niet |
| p | Paard, pijn, plak |
| qu | aquarium , quasi, queeste, quiz |
| r | radar , regendruppel , verwarming |
| s | stoom , slak , samen |
| t | tart, trein , twaalf |
| v | vader , lever , vent |
| w | wijzen , wortel , bewoond |
| x | Extra, fixatie, exact |
| y | rayon , royaal, coyote |

| | |
|---|---|
| z | zalf , zoen , zwaan |

داچ تىلىدا يەنە ئىككى ياكى ئىككىدىن ئارتۇق ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن قوشما ئۈزۈك تاۋۇشلار بار بولۇپ، ئۇلار تۆۋەندىكىچە:

**Medeklinkercombinaties**

| | |
|---|---|
| ch | licht , bochel , stichting |
| sch | Schip, waarschijnlijk, schrander |
| ng | tango., wang , zingen, mengen |

مۇھىم قائىدە: داچ تىلىدا بىر سۆز ھەرگىزمۇ ئوخشاش بولغان ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ.

**Een lettergreep eindigt nooit op twee dezelfde medeklinkers.**

## 2-باب ئىسىم

## Zelfstadig naamwoord

**Zelfstandige naamwoorden zijn woorden waarmee mensen, dieren en dingen bedoeld worden. Bijvoorbeeld: Huis, cd-speler, boek, paardebloem, hond, kakatoe, Floris, Europa.**

ئىسىم ئادەم ياكى نەرسىلەرنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدىغان سۆزلەردىن ئىبارەت. ئىسىملار ئادەتتە كىم ياكى نىمە دېگەن سوئالغا جاۋاب بولۇپ كىلىدۇ. مەسىلەن:

**Huis, cd-speler, boek, paardebloem, hond, kakatoe, Floris, Europa.**

ئىسىملار جۈملىنىڭ مۇھىم بىر بۆلىكى بولۇش سۈپىتى بىلەن جۈملىدە ئىگە بولۇپ كىلىدۇ. ھەمدە ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جۈملىنىڭ تولدۇرغۇچىسى ۋە باشقا بۆلەكلىرى بولۇپ كىلەلەيدۇ. ئىسىملار ئالدى بىلەن ئۇلارنىڭ ئىپادىلەش ئوبيېكتىغا قاراپ خاس ئىسىم ۋە تۈردەش ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلىنىدۇ.

1.خاس ئىسىم: ئادەم ۋە نەرسىلەرنى، تەبىئەت ھادىسىلىرىنى ئومۇمىيلىقتىن پەرقلەندۈرۈش ئۈچۈن قويۇلغان ئىسىملار خاس ئىسىم دەپ ئاتىلىدۇ. مەسىلەن:

**Nederland, de Mercedes,Bello,Hassan,de Gelkingstraat, Vingerhoedskruid**

2.تۈردەش ئىسىم: مەلۇم بىر تۈرگە تەۋە بولغان ياكى بىر خىل ئومۇمىيلىققا ئىگە بولغان شەيئى

،ھادىسە ۋە چۈشۈنچىلەرنىڭ ھەممىسىگە ئورتاق بولغان ئىسىم . مەسىلەن:

**De auto, de hond, de jongen,het meisje,de vrouw,de straat,het land,de plant…**

تۈردەش ئىسىملار ئۆز ئىچىدىن يەنە سانىلىدىغان ئىسىملار ۋە سانالمايدىغان ئىسىملار دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈنىدۇ.
سانىلىدىغان ئىسىملار : تۈراقلىق شەكلگە ئىگە بولغان، ساناق سانلار بىلەن سانىغىلى بولىدىغان ئىسىملار . مەسىلەن:

سانالمايدىغان ئىسىملار :ساناق سانلار بىلەن ساننى بىۋاستە ئىپادىلەش مۇمكىن بولمايدىغان، مىقدار سۆزلەرنىڭ ياردىمى بىلەن مىقدارنى ئىپادىلەشكە بولىدىغان شەيئىلەرنى ئاتاشتا ئىشلىتىلىدىغان ئىسىملار. مەسىلەن:
**Informatie, geloof, suiker, melk**

ئىسىملارنى يەنە ئۇلارنىڭ مەنىسى ۋە ئىپادىلگەن شەيئىنىڭ ھالىتىگە ئاساسەن كونكرېت ئىسىم ۋە ئابستىراكت ئىسىم دەپ ئىككى تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ. كونكرېت ئىسىم كونكرېت شەكىلگە ئىگە شەيئىلەرنىڭ نامىدىن ئىبارەت. مەسىلەن :
**Man, katoen, fiets**
ئابستىراكت ئىسىم ھەركەت، ھايات، مىجەز-خۇلق قاتارلىق كۆرگىلى بولمايدىغان ئابستىراكت ئۇقۇملارنى بىلدۈرىدىغان ئىسىملار . مەسىلەن:
**Liefde, kabouter, wind**

بىرىكمە ئىسىملار: ئىككى ياكى ئۇنىڭدىن ئارتۇق ئىسىملارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن ئىسىملار بىرىكمە ئىسىملار دەپ ئاتىلىدۇ. بىرىكمە ئىسىملار ئادەتتە ئىككى مۇستەقىل ئىسىملارنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە سۈپەت، ھالەت، پېئىل بىلەن ئىسىملارنىڭ بىرىكىشىدىنمۇ تۈزۈلىدۇ. مەسىلەن:

**Het koffiekopje، het kleingeld، de eetkamer**

تۆۋەندە بىرىكمە ئىسىملارنىڭ ياسىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىككى ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار :

| | |
|---|---|
| De koffie + het kopje | Het koffiekopje |
| Het werk + de plaats | de werkplaats |
| Het land + de bouw | de landbouw |

سۈپەت بىلەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار :

| | |
|---|---|
| Klein + het geld | Het kleingeld |
| Groot + de meester | De grootmeester |

| | |
|---|---|
| Rood + het borstje | Het roodborstje |

پېئىل بىلەن ئىسىمنىڭ بىرىكىشىدىن تۈزۈلگەن بىرىكمە ئىسىملار :

| | |
|---|---|
| Eten + de kamer | De eetkamer |
| Denken + de wijze | De denkwijze |
| Roeien + de boot | De roeiboot |

بۇ بابتىكى مۇھىم گىراماتىكىلىق ئاتالغۇلار:

| | |
|---|---|
| Zelfstandig naamwoord | ئىسىم |
| Eigennaam | خاس ئىسىم |
| Soortnaam | ئىسىم تۈردەش |
| Concrete zelfstandige naamwoorden | كونكرېت ئىسىم |
| Abstracte zelfstandige naamwoorde | ئابستىراكىت ئىسىم |
| Samengestelde zelfstandig naamwoord | بىرىكمە ئىسىم |
| Bijvoeglijk naamwoord | سۈپەت |
| Werkwoord | پېئىل |
| Telbare zelfstandig naamwoord | سانىلىدىغان ئىسىملار |
| Niet-telbare zelfstandige naamwoorden | سانالمايدىغان ئىسىملار |

# 3-باب ئارتىكول

ئىسىم ۋە ئىسىملارنى ئىنىقلاپ كېلىدىغان سۆزلەرنىڭ ئالدىدا ئىسىملارنى سان-مىقدار ۋە ئىنىقلىق دائىرىسى جەھەتتىن چەكلەش رولىغا ئىگە بولغان، ئۆز ئالدىغا مۇستەقىل مەنە بىرەلمەيدىغان سۆز تۈركۈمى ئارتىكول دەپ ئاتىلىدۇ. ئارتىكوللار ئىنىق ئارتىكول ۋە ئىنىقسىز ئارتىكول دەپ ئىككى

تۈرگە بۆلىنىدۇ. ئارتىكوللار ئىسىملار ياكى ئىسىملارنى ئىنقلاپ كەلگەن باشقا ئىنقلىغۇچى سۆزلەرنىڭ ئالدىدا كىلىدۇ.
داچ تىلىدا 3 خىل ئارتىكول بار بولۇپ بۇلار :
**De, het, een**

**De, Het** ئىنىق ئارتىكىللاردۇر .

تۆۋەندە بۇ ئارتىكوللارنىڭ ئىشلىتىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

ئىنىق ئارتىكوللارنىڭ ئىشلىتىلىشى

ئىنىق ئارتىكول ئاشكارلانغان ۋە ئىنىق كۆرستىلگەن شەيئىلەرنى ئىپادىلەشتە ئىشلىتىلىدۇ.

ئىنىق ئارتىكول **het** نىڭ ئىشلىتىلىشى

1.بارلىق كىچىكلىتىلگەن ئىسىملارغا ئىنىق ئارتىكول **het** ئىشلىتىلىدۇ. مەسلەن:

**Alle verkleinwoorden**

**Het kindje,het voetje,het oogje….**

2.شامال يۆلىنىشى، تىل، مىتال، تەنھەركەت ۋە ئويۇنلارنىڭ ئىسمىغا ئىنىق ئارتىكول **Het** ئىشلىتىلىدۇ.

**Hamen van windrechten, talen, metalen, sporten en apelen gebruiken altijd “het”.:**
**Windrechten: het westen, het oosten**
**Talen: het nederlands, het Frans**
**Metalen: het zilver, het ijzer**
**Sporten en spelen: Het Voetbalhet Bridge, het hockey, het scrabble, het voetbal, Het waterpolo.**

3.سۈپەتلەرنىڭ ئاشۇرما دەرىجىسى ئىنىق ئارتىكول **het** بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. مەسلەن:

| | |
|---|---|
| **Het leuke is…** | **Het stomme is…** |
| **Het rare/gekke is…** | **Het mooie is…** |
| **Het belangrijkste is…** | **Het vervelende is…** |

4.ئاخىرقى بوغۇمى isme,-aat,-um ھەرپ بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا ھەم ئىنىق ئارتىكول Hetئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| Het decorum | Het ultimatum |
| Het museum | Het aquarium |
| Het resultaat | Het mandaat |
| Het referaat | Het consulaat |
| Het surrealisme | Het egoïsme |
| Het liberalisme | Het idealisme |

5.بىرىنجى بوغۇمى ver,-be,-ge- ھەرپلەر بىلەن باشلانغان كۆپ ساندىكى ئىسىملارغا ھەم ئىنىق ئارتىكول het ئىشلىتىلىدۇ.

ge-, be- en ver-

| | |
|---|---|
| Het gefluister | Het gegeven |
| Het gezang | Het gedoe |
| Het beklag | Het bestuur |
| Het bereik | Het begin |
| Het vermogen | Het verdriet |
| Het verlies | Het verleden |

6.جۈملىدە ئىسىم ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلگەن بارلىق پېئىللارغا ھەم ئىنىق ئارتىكول het ئىشلىتىلىدۇ.

| | |
|---|---|
| Het vallen van de nacht | Het doen van een dutje |
| Het tikken van de klok | Het komen en gaan van de vogels |

بۇنىڭدىن باشقا يۇقىرىدىكى قائىدىگە چۈشمەيدىغان كۆپ ئىشلىتىلىدىغان het ئىسىملىرى :

| | |
|---|---|
| Het boek | Het woord |
| Het geld | Het papier |

| | |
|---|---|
| Het formulier | Het werk |
| Het bankbiljet | Het paspoort |
| Het identiteitsbewijs | Het land |
| Het rijbewijs | Het dorp |
| Het café | Het restaurant |
| Het hotel | Het spel |
| het feest | het bier |
| het sap | het water |
| het vuur | het fornuis |
| het gas | het licht |
| het brood | het vlees |
| het ontbijt | het diner |
| het bord | het ei |
| het mes | het vet |
| het spek | het zout |
| het glas | het huis |
| het toilet | het balkon |
| het dak | het plafond |
| het bed | het laken |
| het raam | het antwoordapparaat |
| het trapportaal | het stopcontact |
| het terras | het hoofd |
| het kind | het oor |
| het oog | het haar |
| het been | het hart |
| het bot | het dier |
| het bloed | het jaar |
| het seizoen | het uur |

| | |
|---|---|
| het kwartier | het kwartaal |
| het horloge | het tijdstip |
| het rooster | het schema |

de نىڭ ئىشلىتىلىشى

1. بارلىق كۆپلۈك ئىسىملارغا ئىنىق ئارتىكول de ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**Voor alle zelfstandig naamwoorden gebruiken we in het meervoud 'de'**
**de planten, de kinderen,de handen,de vrouwen. …**

2.ئەرلىك ياكى ئاياللىق جىنسلىقى ئىنىق بولغان ئىسىملارغائىنىق ئارتىكول de ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن :

**Zelfstandig naamwoorden die duidelijk mannelijk of vrouwelijk zijn.**

| | |
|---|---|
| de vrouw | de man |
| de teef | de hengst |
| de koningin | de koning |
| de meid | de jongen |

3.سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ing- بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغائىنىق ئارتىكول de ئىشلىتىلىدۇ.
مەسىلەن:

**Zelfstanding naamwoorden die op -ing eindigen.**

| | |
|---|---|
| de betaling | de verovering |
| de uitnodiging | de rekening |
| de betovering | de opening |
| de ontdekking | de hervorming |

4.سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمىtie, thie, sie ھەرپلىرى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا ئىنىق

ئارتىكول de ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن :

**Zelfstandig naamwoorden die eindigen op tie, thie en sie.**

| | |
|---|---|
| de politie | de petitie |
| de executie | de tractatie |

| | |
|---|---|
| de sympathie | de empathie |
| de visie | de fusie |

5

5.سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى "or- " بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**Zelfstandig naamwoorden die eindigen op –or**

| | |
|---|---|
| de motor | de generator |
| de monitor | de perforator |
| de professor | de factor |
| de alligator | de radiator |

6. ئائىلە ئىسىملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ.مەسىلەن :

| | |
|---|---|
| de moeder | de vader |
| de dochter | de zoon |
| de kleindochter | de kleinzoon |
| de tante | de oom |
| de nicht | de neef |
| de grootmoeder | de grootvader |
| de oma | de opa |

7. كەسىپ ئىسىملىرىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

**Namen van beroep gebruiken altijd de**

| | |
|---|---|
| de verkoper | de danser |
| de slager | de bakker |
| de dokter | de schrijver |
| de zanger | de dromer |

8 .مېۋە-چېۋە ،سەي_كۆكتات،دەرەخ ۋە ئۆسۈملۈكلەرنىڭ ئىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

Namen van fruit envoor groente, fruit, bomen en planten

9.پەسىللەرنىڭ ئىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

Namen van seizoen de
De lente,de herfst,de winter

10.تاغ ۋە دەريالارنىڭ ئىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن:

Voor bergen en rivieren

11.سان سىفىر ۋە رەقەملەرنىڭ ئىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن :

Namen van cijfers en getallen zijn echter altijd *de* –woorden:
de katholiek, de blinde, de twee, de 37

12.كىسەللەرنىڭ ئىسمىغا ئىشلىتىلىدۇ، مەسىلەن :

Namen van ziekte: de griep, de malaria

ئېنىقسىز ئارتىكول een

داچ تىلىدا بىر دانە ئېنىقسىز ئارتىكول بار بولۇپ، ئېنىقسىز ئارتىكول ئادەتتە سۆزلىگۈچى ھەم تىڭشىغۇچىغا نىسبەتەن ئېنىق بولمىغان ئالاھىدە كۆرسىتىلمىگەن شەيئىلەرگە قارىتا ئىشلىتىلىدۇ. مەسىلەن:

Er loopt een meisje op straat. --------كوچىدا بىر قىز بالا كىتىپ بارىدۇ

بەزىدە ئېنىق كۆرسىتىلمىگەن شەيئىلەرگىمۇ ئېنىقسىز ئارتىكول ئىشلىتىلمەيدىغان ئەھۋاللار بولىدۇ، بۇ ئەھۋاللار تۆۋەندىكىچە:

1.ئىسىملارنىڭ ئېنىقسىز كۆپلۈك شەكلىگە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

Ik ga volgende week stoelen kopen.
Zijn er nog koekjes?

2.سانىغىلى بولمايدىغان ئابستىراكىت ئىسىملارغا ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن:

Wilt u melk en suiker in uw koffie?
Ik heb weining geld.

3.كەسىپكە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن :

Hij is leraar. Zij is verpleegster.

4.دۆلەت، شەھەر ۋە دۆلەت تەۋەلىكىگە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن :

**In Nederland zijn geen Bergen. De hoofdstad van Nederland is Amsterdam.**
**Bent u marokkan?**

5.ئايرىپ ئىشلەتكىلى بولىدىغان مۇقىم ئىبارىلەرگە ئىشلىتىلمەيدۇ. مەسىلەن :

**Heeft u pen en papier? Deze winkel is dag en nacht geopend.**

6.جۈملىدە بۇ ئىككى سۆزدىن كىيىن ئىسىم كەلسە ئىشلىتىلمەيدۇ.مەسىلەن :

**na als en zonder :**

**Als buitenlander heb je een verblijsvergunning nodig.**
**Zonder grammatical kunt  je geen taal leren.**

# 4-باب ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى ياساش

داچ تىلىدا ئادەتتە لۇغەتلەردە ئىسىملار بىرلىك شەكىلدە كىلىدۇ. مۇتلەق كۆپ قىسىم ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئادەتتە بىرلىك شەكىلدىكى ئىسىمنىڭ كەينىگە s,-en- قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ .
بۇ قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق ياسالغان ئىسىملار قائىدىلىك ئىسىملار تۈرىگە كىرىدۇ،ئاز بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ ئۆزىگە خاس كۆپلۈك شەكىللىرى بار بولۇپ ،بۇ تۈردىكى ئىسىملارنى يۇقاردىكى قوشۇمچىلارنى قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك شەكلىنى ياساشقا بولمايدۇ. بۇنداق ئىسىملار قائىدىسىز ئىسىملار تۈرىگە كىرىدۇ.  تۆۋەندە قائىدىلىك ۋە قائىدىسىز ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ تاسىلىشى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

قائىدىلىك ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ياسىلىشى.

1.ئىككى بوغۇمدىن تۈزۈلگەن ئاخىرقى بوغۇمى **-e,-erd,-er,-en,-em,-el** ھەرپلەر بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە s- قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك ياسىلىدۇ.مەسىلەن:

**Woorden van 2 lettergrepen die eindigen op –el,-em,-en,-er,-erd,-e, krijgen –s.**

| | |
|---|---|
| **De tafel** | **de tafels** |
| **De bezem** | **de bezems** |
| **De toren** | **de torens** |
| **De zomer** | **de zomers** |
| **Het kopje** | **de kopjes** |

2.ئاخىرقى بوغۇمى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ بىرلىك شەكلىنىڭ كەينىگە

**<<-s>>** قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق كۆپلۈك شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**Woorden die eindigen op –a,-I,-o,-u,-y krijgen ‘s.**

**A: thema's, programma's, dahlia's**
**-i: taxi's, ski's**
**-o: foto's, farao's, Kano's**
**-u: paraplu's, accu's**
**-y: baby's, pony's, hobby's**

**3.**ئەگەر بىر سۆز قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ،سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى بىر ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا ،بۇنداق ئىسمنىڭ كۆپلۈك شەكلىدە ئۈزۈك تاۋۇش قوش يېزىلىدۇ. مەسىلەن:

**Als een woord een korte klank heeft en eindigt op één medeklinker, krijgt het in het meervoud twee medeklinkers.**

- **Tas – tassen**
- **Fles – flessen**
- **Pin – pinnen**
- **Tros – trossen**
- **Bus – bussen**

**4.**ئەگەر بىر سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بولۇپ ،ئاخىرقى بوغۇمى ھەم بىر دانە ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشقان بولسا ،كۆپلۈك شەكلى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش قىسقا سوزۇق تاۋۇشقا ئاجىزلىشىدۇ(يەنى ئۇزۇن سوزۇق تاۋشتىكى بىر دانە سوزۇق تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ). مەسىلەن :

**Als een woord een lange klank heeft (twee dezelfde klinkers) en eindigt op één medeklinker, krijgt het in het meervoud één klinker, en één medeklinker.**

- **Raam – ramen**
- **Teen – tenen**
- **Brood – broden**
- **Kuur – kuren**

ئەگەر سۆزنىڭ ئاخىرقى بوغۇمى ئىككى دانە ئۈزۈك تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن بولسا ،كۆپلۈك شەكلىگە پەقەت **s**- قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. ھەرپلەر ئاجىزلىشىدىغان ئەھۋال يۈز بەرمەيدۇ.

**Als het woord eindigt op twee medeklinkers, komt er alleen -en achter, verder verandert er niets.**

**Kaart – kaarten      Baard – baarden**

قائىدىسىز ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ياسىلىشى

قائىدىسىز ئىسىملارنىڭ بىرلىك ھەم كۆپلۈك شەكلى ئادەتتە لۇغەت ۋە دەرسلىك كىتابلاردا بېرىلگەن بولىدۇ ھەمدە قائىدىسىز ئىسىملار ئۆزىگە خاس قانۇنىيەت بويىچە ئۆزگىرىش ياسايدۇ. لېكىن بۇنداق ئىسىملار ئاز سانىنى ئىگەللەيدۇ. تۆۋەندە كۆپ ئۇچرايدىغان قائىدىسىز ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلى بېرىلدى.

1. **Meervouden op –eren**

بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىگە يۇقاردىكى قوشۇمچىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**het Been – de beenderen**
**het Kalf – de kalveren**
**het rad- de raderen**
**het volk- de volkeren**
**het lam- de lammeren**
**het rad- de raderen**
**het kind- de kinderen**
**het Lied – de liederen**
**het Rund – de runderen**
**het Ei – de eieren**

**2. Meervoudsvormen op –ien**

**De koe- de koeien**
**de vlo- de vlooien**

3.ئۆزۈك تاۋۇش قايتىلانمايدىغان ئىسىملار.

| | |
|---|---|
| de dag | de dagen |
| het dak | de daken |
| het glas | de galzen |
| het bedrag | de bedragen |
| het gat | de gaten |
| het graf | de grafen |
| het dal | de dalen |
| het vat | de vaten |
| het bevel | de bevelen |
| het gebed | de gebeden |
| het spel | de spelen |
| de weg | de wegen |
| de god | de goden |
| het gebod | de geboden |
| het slot | de sloten |

4.يۇقارقى قائىدىگە چۈشمەيدىغان بەزى ئىسىملارنىڭ كۆپلىكى.

| | |
|---|---|
| de stad | de steden |
| het schip | de shepen |
| de smid | de smeden |

| | |
|---|---|
| het lid | de leden |
| de oom | de ooms |
| de broer | de broers |
| de zoon | de zoons |

باشقا تىللاردىن كىرگەن ئىسىملارنىڭ كۆپلۈك شەكلىنىڭ ياسىلىشى

لاتىن،فىرانسۇز،گىرك ۋە ئىنگلىزتىلىدىن كىرگەن نۇرغۇن ئىسىملار مۇئەييەن قائىدە بويىچە ئۆزلىرىنىڭ كۆپلۈك شەكلىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن، يەنە ئاز ساندىكىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئەسلى تىلدىكى كۆپلۈك شەكلىنى ساقلاپ قالغان.

**1.** لاتىن تىلىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى **us,-um**-بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى **ici,-ea**- قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| Politicus | politici |
| Technicus | technici |
| Neerlandicus | neerlandici |
| Chemicus | chemici |
| De medicus | De medicusi |
| De historicus | De historic |
| Lyceum | lycea |
| Museum | musea |
| Criterium | criteria |

**2.** ئاخىرقى بوغۇمى-**f** بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى**v** غا ئۆزگىرەيدۇ. لىكىن باشقا تىللاردىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى **f** بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى**f** ساقلىنىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

**Woorden op –f krijgen doorgaans in het meervoud een v:**

**Slaaf – slaven**

**Graaf – graven**

**Kloof – kloven**

چەت تىلدىن كىرگەن سۆزلەر:

| | |
|---|---|
| De filosoof | de filosofen |
| De fotograaf | de fotografen |
| De telegraaf | de telefrafen |
| De paragraaf | de paragrafen |
| De triomf | de triomfen |
| De kalief | de kaliefen |

3.ئىنگلىزتىلىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ كۆپلىكى بىرلىك شەكلىدىكى ئىسىمنىڭ كەينىگە پەقەت s- قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىقلا ياسىلىدۇ. مەسىلەن :

De diskjockey------------de diskjockeys

Het display---------------de displays

4. فىرانسۇز تىلىدىن كىرگەن ئاخىرقى بوغۇمى-e,ee,er,ie,eau,ey,ay,ieu,ui بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكىs- قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

-e: bedes, horloges
-é: cafés, logés, comités
-ee : dictees, abonnees
-er : diners, colliers
-ie : vakanties, commissies, gradaties
-eau: bureaus, cadeaus
-ey: jockeys
-ay: essays
-ieu: milieus
-ui: etuis

بەزى ئالاھىدە ئەھۋاللار:

1.ئاخىرقى بوغۇمى S-بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى Z-گە ئۆزگىرىدۇ. مەسىلەن :

roos- rozen. Prijs- prijzen.    Huis- huizen

ئەمما ئاز ساندىكى ئاخىرقى بوغۇمى S-بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى Z-گە ئۆزگەرمەيدۇ

de mens-    de mensen

**de wens- de wensen**

**de kers- de kersen**

**de kaars- de kaarsen**

**de dans- de dansen**

**de krans- de kransen**

**de schans- de schansen**

**de pols- de polsen**

**de kous- de kousen**

**de paus de pausen**

**de eis de eisen**

2.ئاز ساندىكى ئاخىرقى بوغۇمى **heid** بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى **heden** غا ئۆزگىرەيدۇ. مەسىلەن:

**de waarheid de waarheden**

**de kleinigheid de kleinigheden**

**de mogelijkheid de mogelijkheden**

3. ئاخىرقى بوغۇمى **ik, es, et el** بىلەن ئاياغلاشقان، ئەمما ئۇرغۇ ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشمەيدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى تۆۋەندىكىدەك بولىدۇ. مەسىلەن:

**De perzik- de perziken**

**De monnik- de monniken**

**De havik- de haviken**

**Het lemmet- de lemmeten**

4. ئاخىرقى بوغۇمى es, et ,el بىلەن ئاياغلاشقان،ئەمما ئۇرغۇ ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى سۆزنىڭ ئاخىرىدىكى ئۈزۈك تاۋۇش قايتىلىنىدۇ. مەسىلەن:

**Baronessen, kroketten, pedellen**

5. ئاخىرقى بوغۇمى ie بىلەن ئاياغلاشقان، ئەمما ئۇرغۇ ئاخىرقى بوغۇمغا چۈشىدىغان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

Melodie melodieën

de Industrie de industrieën

De kolonie de koloniën

De categorie de categorieën

6. ئاخىرقى بوغۇمى ee بىلەن ئاياغلاشقان سۆزلەرنىڭ كۆپلىكى en قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| Het Idee | De ideeën |
| Zee | De zeeën |
| De Fee | De feeën |
| De pygmee | De pygmeeën |
| De orchidee | De orchideeën |

## 5-باب كىچىكلىتىلگەن ئىسىملار

داچ تىلىدا دائىم ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى ئىشلىتىلىدۇ. ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلى پەقەت كىچىك نەرسىلەرگىلا ئەمەس بەلكى يەنە ئۆزىمىز ياخشى كۆرگەن، ئوماق ۋە كۈلكىلىك ھىس قىلغان نەرسىلەرگىمۇ ئىشلىتىلىدۇ. شۇڭا بۇ خىلدىكى ئىسىملارنىڭ ياسىلىش قائىدىسىنى بىلىۋېلىش زۆرۈر.

**Verkleinwoorden worden zeer veel gebruikt in het Nederlandse taalgebied. We gebruiken ze niet alleen voor kleine dingen, maar ook voor dingen die we lief, schattig of grappig vinden. Soms gebruiken we ze voor dingen die we vervelend vinden.**

ئادەتتە كىچىكلىتىلگەن ئىسىملار ئىسىمنىڭ كەينىگە je- قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ.

**Zelfstandig naamwoord+ *je***

| | |
|---|---|
| het kind | het kindje |
| het schaap | het schaapje |
| de voet | het voetje |
| het oog | het oogje |
| de neus | het neusje |
| de hap | het hapje |

ئىسىملارنىڭ كىچىكلىتىلگەن شەكلىگە ھەر ۋاقىت ئىنىق ئارتىكول ـhet ئىشلىتىلىدۇ. لىكىن بارلىق ئىسىملار بۇ قائىدە بويىچە ياسالمايدۇ. تۆۋەندە كىچىكلىتىلگەن ئىسىملارنى ياساش قائىدىسى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز.

1.ئاخىرقى بوغۇمى سوزۇق تاۋۇشلار (i,u,o,e,a) ياكى w ھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە tje قوشۇش ئارقىلىق كىچىكلىتىلگەن شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**We voegen -tje toe aan zelfstandig naamwoorden die eindigen op een klinker (a, e, i, o, u, y / ij) of op w .**

| | |
|---|---|
| de trui | het truitje |
| de rij | het rijtje |
| het ei | het eitje |
| de vrouw | het vrouwtje |
| de duw | het duwtje |
| de draai | het draaitje |

2.ئاخىرقى بوغۇمى ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇش بىلەن ئاياغلاشقان ھەم n,l,r ھەرپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان ئىسىملارنىڭ كەينىگە tje-قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق كىچىكلىتىلگەن شەكلى ياسىلىدۇ.

**We voegen -tje toe aan zelfstandig naamwoorden die eindigen op een lange klinker, gevolgd door r, l of n.**

| | |
|---|---|
| de zoon | het zoontje |
| de deur | het deurtje |
| het been | het beentje |
| de uil | het uiltje |
| het gebaar | het gebaartje |
| het wiel | het wieltje |

3.ئاخىرقى بوغۇمى **-or,-en,-el,-er** بىلەن ئاياغلاشقان ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدىغان ئىسىملارنىڭ كەينىگە ھەم **tje**-قوشۇمچىسى قوشۇلىدۇ. مەسىلەن :

**We voegen -tje toe aan zelfstandig naamwoorden die eindigen op een onbeklemtoonde -er, -el, en of -or**

| | |
|---|---|
| de vader | het vadertje |
| de nagel | het nageltje |
| de deken | het dekentje |
| de borrel | het borreltje |
| de centimeter | het centimetertje |
| het laken | het lakentje |
| de professor | het professortje |
| de motor | het motortje |

4.قىسقا سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ھەم **ng,-m,n,l,r**ھەرپلىرى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە **etje**-قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق كىچىكلىتىلگەن شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**We voegen de uitgang -etje toe aan woorden die eindigen op een korte klinker, gevolgd door een enkele r, l, n, m of ng.**

| | |
|---|---|
| de man | het mannetje |
| het gezin | het gezinnetje |
| de bal | het balletje |
| het ding | het dingetje |
| het lam | het lammetje |
| de stem | het stemmetje |

5.بىر ئۇزۇن سوزۇق تاۋۇشتىن تۈزۈلگەن ،ئاخىرقى بوغۇمى rm, lm,m ھەرپلىرى بىلەن ئاياغلاشقان ياكى ئۇرغۇسىز ئوقۇلىدىغان em,um ھەرپلىرى بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە pje-قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق كىچىكلىتىلگەن شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن :

**We voegen -pje toe aan zelfstandig naamwoorden die eindigen op een lange klinker, gevolgd door ,m of ,lm of ,rm of onbeklemtoonde ,um of ,em.**

| | |
|---|---|
| de oom | het oompje |
| de bezem | het bezempje |
| de duim | het duimpje |
| de worm | het wormpje |
| de braam | het braampje |
| de film | het filmpje |
| het museum | het museumpje |
| het stadium | het stadiumpje |

6.ئاخىرقى بوغۇمى ئۇرغۇسىز ing-بىلەن ئاياغلاشقان ئىسىملارنىڭ كەينىگە kje-قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق كىچىكلىتىلگەن شەكلى ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**We voegen -kje toe aan zelfstandig naamwoorden die eindigen op onbeklemtoond -ing.**

| | |
|---|---|
| de verrassing | het verrassinkje |
| de koning | het koninkje |
| de woning | het woninkje |
| de ketting | het kettinkje |
| de tweede verdieping | het tweede verdiepinkje |
| de beloning | het beloninkje |

يۇقاردىكىسى كىچىكلىتلگەن ئىسىملارنى ياساش قائىدىسى. داچ تىلىدا يۇقارقى قائىدىگە چۈشمەيدىغان يەنە بىر قىسىم ئىسىملار بار بولۇپ ئۇلارنى ئىسىمىزدە تۇتۇۋلىش زۆرۈر. تۆۋەندە شۇ تۈردىكى ئىسىملار بىرىلدى.

**Het blad----------het blaadje** **het glas------------het glaasje**

**Het schip---------het scheepje** **het bloem---------het bloempje**

**De jongen---------het jongetje** **de kip--------------het kipje**

**Het pad-------------het paadje** **het vat------------het vaatje**

# 6-باب پېئىل

ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ ئىش-ھەركىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆز تۈركۈمى پېئىل دەپ ئاتىلىدۇ. پېئىللار ئادەتتە جۈملىدە ئاساسەن خەۋەر بولۇپ كېلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە جۈملىدە ئىگە،تولدۇرغۇچى قاتارلىق باشقا بۆلەكلەرمۇ بولۇپ كېلەلەيدۇ.مەسىلەن:

**lopen,werken, komen,zeggen….**

**Wij hebben twee kinderen.----------** بىزنىڭ ئىككى بالىمىز بار.

**Morgen ga ik naar school. ---------**مەن ئەته مەكتەپكە بارىمەن.

پېئىللار ئادەتتە جۈملىدە دائىم ئىككىنجى ئورۇندا كېلىدۇ.ئەگەر جۈملىدە گىراماتىكىلىق شەخس،ۋاقىت ئۆزگەرسە پېئىلنىڭ شەكلىمۇ ئۆزگىرەيدۇ.بىز بۇنى چەكلىملىك پېئىل شەكلى(**persoonsvorm**) دەپ ئاتايمىز. چەكلىملىك پېئىل شەكلى پېئىللارنىڭ جۈملىنىڭ پەقەت خەۋەر بۆلىكىدىلا كۆرۈلىدىغان، جۈملىدە زامان چەكلىمىسىگە ۋە ئىگىنىڭ شەخس ۋە سان جەھەتتىكى چەكلىمىسىگە ئۇچرايدىغان شەكلىدۇر.مەسىلەن:

**Ik heb nu een fiets.-----------------** مىنىڭ ھازىر بىر ۋەلسىپىتىم بار

**Wij hadden vroeger een auto-----------------**.بۇرۇن بىزنىڭ بىر ماشىنىمىز بار ئىدى،

باش جۈملىدە پېئىلنىڭ چەكلىك شەكلى دائىم ئىگە بىلەن بىرگە كېلىدۇ. مەسىلەن:

**Wil je een kopje thee?**

**Morgen ga ik naar school.**

بېقىندى جۈملىدە پېئىلنىڭ چەكلىك شەكلى دائىم جۈملىنىڭ ئاخىرىدا كېلىدۇ. مەسىلەن:

**Hij wil eten omdat hij honger heeft.**

**De vrouw zegt dat zij medecijnen slikt.**

بەزىدە جۈملىدە 2 دانە پېئىل بولىدۇ. مەسىلەن:

**Ik heb thee gedronken .**

**Wij zijn naar school geweest.**

پېئىللار سۆز بىرىكمىسىدىكى رولىغا ئاساسەن مۇستەقىل پېئىل **(slapen ,werken,lopen)**, تۈپ پېئىل **(zijn,hebben)** ۋە تۈس ياردەمچى پېئىل **(mogen,moeten,kunnen,zullen,willen)** دەپ 3 تۈرگە بۆلۈنىدۇ.

پېئىل شەكىللىرى

پېئىللار مورفولوگىيىلىك تۈزۈلۈش شەكلىگە ئاساسەن قائىدىلىك پېئىل ۋە قائىدىسىز پېئىل شەكلىگە ئىگە بولىدۇ. قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە پۈتكەن زامان شەكىللىرى پېئىل تومۇرىنىڭ كەينىگە **den/-de,-ten/-te** قوشۇمچىسىنى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. پۈتكەن زامان شەكىللىرى پېئىلنىڭ ئالدىغا **ge**-قوشۇمچىسى قوشۇش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. قائىدىسىز پېئىللار لىكىن بۇ خىل قائىدىگە بىقىنمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئالدىغا مۇئەييەن شەكىللىرى بولىدۇ. تۆۋەندە بۇ ھەقتە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمىز.

قائىدىلىك پېئىللارنىڭ مورفولوگىيىسى:قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە پۈتكەن زامان شەكىللىرىنى پېئىلنىڭ تومۇرىدىن پايدىلىنىپ ياساشقا بولىدۇ. لىكى قائىدىسىز پېئىللارنىڭ ئۆتكەن زامان ۋە پۈتكەن زامان شەكىللىرىنى پېئىل تومۇرىدىن پايدىلىنىپ پەرەز قىلىش ياكى ياسىۋېلىش ئىمكانىيىتى بولمايدۇ. تۆۋەندە قائىدىلىك پېئىللارنىڭ ئۈچ شەخس ۋە ئۆتكەن زامان ،پۈتكەن زامان شەكلى بىلەن تونۇشۇپ ئۆتىمىز. ئالدى بىلەن تۆۋەندىكى ئاتالغۇلارنى بىلىۋېلىشقا توغرا كىلىدۇ.

پېئىلنىڭ تولۇق شەكلى **(infinitief):zeggen,geven,werken,lopen**

پېئىل تومۇرى **(stam)**: پېئىلنىڭ بىرىنجى شەخس هازىرقى زامان شەكلى پېئىل تومۇرى دىيىلىدۇ.

ئۇ ئادەتتە پېئىلنىڭ تولۇق شەكلىدىن **ne**-قوشۇمچىسىنى ئېلىۋېتىش ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

**Infinitief-en=stam.**

**Werken-en=werk    geven-en=geef**
**Gaan-en=ga    lopen-en=loop**

بۇ يەردە يەنە بىر قانچە تۈرلۈك قائىدىلەرنى بىلىۋېلىش زۆرۈر.

**infinitief  stam    spellingsregel**

werken werk

springen spring

بۇ يەردە ئۆزۈن سوزۇق تاۋۇش شەكلىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن o ھەرپى قايتىلىنىپ يېزىلىدۇ.

lopen loop

ئەگەردە سۆزنىڭ ئاخىرى vھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان بولسا ئۆزنىڭ بىرلىك شەكلى fگە ئالمىشىدۇ.

geven geef

ئەگەردە سۆزنىڭ ئاخىرى zھەرپى بىلەن ئاياغلاشقان بولسا ئۆزنىڭ بىرلىك شەكلى sگە ئالمىشىدۇ.

blazen blaas

داچ تىلى گىراماتىكىسىدا بىر سۆزنىڭ ئاخىرى ھەرگىزمۇ قوش ئۈزۈك تاۋۇش بىلەن ئاخىرلاشمايدۇ.شۇڭا بۇ يەردە بىر ئۈزۈك تاۋۇش چۈشۈپ قالىدۇ.

zetten zet

ئەگەردە بىز پېئىلنىڭ تومۇرىنى بىلىۋالساق باشقا شەخس ۋە زامان شەكىللىرىنى شۇنىڭغا ئاساسەن كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا بولىدۇ.مەسىلەن:

بۈلار ھازىرقى زامان شەكلى

| | | | | |
|---|---|---|---|---|
| بىرلىك enkelvoud | | werken | lopen | geven |
| ik بىرىنجى شەخس | stam | werk | loop | geef |
| u/jij ئىككىنجى شەخس | stam+t | werkt | loopt | geeft |
| het/zij/hij ئۈچىنچى شەخس | stam+t | werkt | loopt | geeft |
| (meervoud)بارلىق شەخس كۆپلۈك | infinitief | werken | lopen | geven |

پېئىلنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى

( verleden tijd of imperfectum )

**Als de laatste letter van de stam een van de medeklinkers in ‘t e x k o f s ch I p , wordt er bij alle enkelvoudsvormen van het imperfectum -te toegevoegd, en bij alle meervoudsvormen -ten:**

ئەگەردە پېئىلنىڭ تومۇرىدىكى ئاخىرقى ھەرپ t p i ch s f o k x e نىڭ ئىچىدىكى

بىرەر ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى پېئىل تومۇرىنىڭ كەينىگە -ten/-te قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| enkelvoud بىرلىك | | werken | praten | vissen | blaffen |
|---|---|---|---|---|---|
| stam | | werk | praat | vis | blaf |
| بىرىنچى شەخس ik | stam+te | werkte | pratte | viste | blafte |
| ئىككىنچى شەخس u/jij | stam+te | werkte | rattep | viste | blafte |
| ئۈچىنچى شەخس zij/hij | stam+te | werkte | pratte | viste | blafte |
| كۆپلۈك meervoud | | | | | |
| بىرىنچى شەخس wij | stam+ten | werkten | pratten | visten | blaften |
| ئىككىنچى شەخس jullie | stam+ten | werkten | pratten | visten | blaften |
| ئۈچىنچى شەخس zij | stam+ten | ktenwer | pratten | visten | blaften |

**Als de laatste letter van de stam niet in** ‘t e x k o f s ch I p **zit, wordt er bij alle enkelvoudsvormen van het imperfectum -de toegevoegd, en bij alle enkelvoudsvormen -den:**

ئەگەردە پېئىلنىڭ تومۇرىدىكى ئاخىرقى ھەرپ **t p i ch s f o k x e** نىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئۆزۈك تاۋۇش ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالمىغان بولسا ئۇنداقتا ئۇنىڭ ئۆتكەن زامان شەكلى پېئىل تومۇرىنىڭ كەينىگە den/-de-قوشۇمچىسىنى قوشۇش بىلەن ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

| Enkelvoud(بىرلىك) | | rennen | landen | staren | plannen |
|---|---|---|---|---|---|
| stam | | ren | land | staar | plan |
| بىرىنچى شەخس (ik) | stam + de | rende | landde | staarde | plande |
| ئىككىنچى شەجس (jij/u) | stam + de | rende | landde | staarde | plande |
| ئۈچىنچى شەخس (hij/zij/het) | stam + de | rende | landde | staarde | plande |
| Meervoud(كۆپلۈك) | | | | | |
| بىرىنچى شەخس (wij) | stam + den | renden | landden | staarde | planden |
| ئىككىنچى شەخس (jullie) | stam + den | renden | landden | staarde | planden |
| ئۈچىنچى شەخس (zij) | stam + den | renden | landden | staarde | planden |

## پېئىلنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى

## (voltooide deelwoord)

Voltooid deelwoord = *ge* + [stam] + *t* of *d*

**Als de laatste letter van de stam een van de medeklinkers in ‘t e x k o f s ch I p , wordt er bij alle enkelvoudsvormen van het vooltooide deelwoord *ge* + [stam] + *t.***

ئەگەردە پېئىلنىڭ تومۇرىدىكى ئاخرقى ھەرپ **c s f o k x e pt i h** نىڭ ئىچىدىكى بىرەر ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولسا ئۇندااقتا ئۇنىڭ پۈتكەن زامان شەكلى ***ge* + [stam] + *t***بولىدۇ.

